ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۆگىنىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق بىلدۈردى ——

# ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ غەيرەت قىلىپ ئىشلەيمىز

2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سائەت 19دا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئېلان قىلغان 2020 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى ۋە ئالاقە تورى ئارقىلىق تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا يېتىپ باردى. بۇ ئۆتكەن بىر يىللىق كۈرەش مۇساپىسى ۋە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەسلەيدىغان مەردانە خىتابنامە بولۇش بىلەن بىللە، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ غەيرەت قىلىپ ئىشلەشنىڭ يېڭى بۇرغىسىنى چالدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان، ئۆگەنگەندىن كېيىن ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدى، زور ئىلھام ئالدى. كۆپچىلىك تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى بىر يىلدا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بوران ـ چاپقۇندىن قورقماي، مۈشكۈلاتتىن قورقماي، پەيتنى قولدىن بەرمەي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش سەلتەنەتلىك يۆگىمە رەسىمگە ئېسىل شىنجاڭ سەھىپىسىنى سىزىپ چىقىمىز.

**■ قان ـ تەرىمىز بىلەن سۇغىرىپ ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ پۇختا ئالغا ئىلگىرىلىدۇق**

«2019 ـ يىلى، بىز قان ـ تەرىمىز بىلەن سۇغىرىپ ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ پۇختا ئالغا ئىلگىرىلىدۇق.» رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، ئۆتكەن بىر يىلدا دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تەپسىلىي ساناپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەشتىكى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز كۆرۈنۈشلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتتى ھەم مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ يۈرەك قېنى ۋە قان ـ تەرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، قالتىس جۇڭگو سالاپىتى، جۇڭگو كۈچى نامايان قىلىندى.

«2019 ـ يىلى، دۆلىتىمىز قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، جۇمھۇرىيەتنىڭ 70 يىللىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمى كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ، جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن چەكسىز پەخىرلەندۇق، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ قاتتىق يادرولۇق كۈچىدىن چوڭقۇر لەرزىگە كەلدۇق.» يان تېلېفون ئارقىلىق رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، باغراش ناھىيەسى شىخەي ئېكولوگىيەلىك ساياھەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ بىنتۇ، بىنتۇ ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باغراش سوۋغات دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسى ۋاڭ شىجۈن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «2019 ـ يىلى، بىزمۇ ھەقىقىي كاتتا سوۋغاتقا ئېرىشتۇق، دورا تېخىمۇ ئەرزانلاشتى، تۇرمۇش تېخىمۇ قولايلاشتى، بولۇپمۇ تور سۈرئىتىنى تېزلىتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش ئېكرانىنى قاپلاشنى تېخىمۇ تېزلىتىپلا قالماي، ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ تېزلەتتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىزنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىمىز ئارقىلىق ئارقىلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، بىزنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمىز تېخىمۇ تولۇپ تاشتى».

«رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، ھەم 2019 ـ يىلىدىكى چوڭ ئىشلار رەتلەپ چىقىلدى، ھەم خەلق تۇرمۇشىدىكى كىچىك ئىشلار ئېيدىتلاندى، بۇلاردا خەلقنى كۆڭۈلگە پۈكۈش سەممىيىتى، ۋەتەنگە مېھىر باغلاش سەممىي ھېسسىياتى تولۇق ئەكس ئەتكەن بولۇپ، كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى ۋە روھلاندۇردى.» ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى ئورگان پارتكومىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسى ۋېن جىجى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچ بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەرنى ياخشى مېڭىشىمىزنىڭ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، سەھىيە ـ ساغلاملىق سىستېمىسىدىكى كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى مەركەز قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «ساغلام شىنجاڭ» قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن!

**■ ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىمىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز**

2020 ـ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، ئاتاكا سىگنالى چېلىندى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى «ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت قىلىپ ئىشلەش، قانچە خەۋپ ـ خەتەرلىك بولسا، شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەش»تەك جاسارەت بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى!

«رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى جاراڭلىق، كۈچلۈك بولۇپ، بىزگە ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى.» يېڭىشەھەر ناھىيەسى ئارال يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جەن باڭجۇ قەتئىي ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كەمتۈكلۈكلەرنى يەنىمۇ پۇختىراق تولۇقلاپ، ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەمرەك سېلىپ، ئېتىقادنى چىڭىتىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن يېزىدىكى پۇقرالارنى يېتەكلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم باسىمىز».

«رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: جۇڭگو زېمىنىغا نەزەر تاشلىساق، ھەممىلا يەردە يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. كەنتتە، مەن ھەر كۈنى يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىياتنى ھېس قىلىپ تۇرىمەن» دېدى شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسى كىرپەمەھەللە كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى جۇ تاۋ كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى ھەم قىسمەن ئامما بىلەن بىللە تېلېۋىزوردىكى بىۋاسىتە كۆرسىتىشنى كۆرگەندىن كېيىن.

جۇ تاۋ مۇنداق دېدى: 2019 ـ يىلى كىرپەمەھەللە كەنتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مول ھوسۇللۇق بىر يىل بولدى، كەنتتە پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەممە ئائىلە تۇرمۇشتا يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدى. 2020 ـ يىلى، بىز رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەپ ۋە ئۆستۈرۈپ، «يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساسىي يول، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تىرەك، ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈشنى كاپالەت قىلغان» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەپەككۇرىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىزنىڭ ئىشى دەپ بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم داۋاملىق ئىشلەپ، بىر ئامال، بىر ئامالدىن كۆڭۈل قويۇپ ياردەم قىلىپ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن پۇختا يۆلەپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، قول تۇتۇشۇپ گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىمىز.

**■ پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىمىز**

«ئىناق، مۇقىم مۇھىت بولمىسا، قانداقمۇ خاتىرجەم ياشايدىغان يۇرت ـ ماكان بولسۇن!» 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچتە، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى مۇز ئۆي مەززىلىك تائاملار كوچىسىدا، سودىگەر پەردە ئېلى بىر تەرەپتىن چوڭ ئېكران ئارقىلىق رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ئالدىراش ھالدا ساياھەتچىلەرگە ئىسسىق ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دورا ـ دەرمەكلىك توخۇنى سۇندى، بۇ جۈملە سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇ باش بارمىقىنى چىقاردى.

پەردە خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «2019 ـ يىلدا، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھەرقايسى جايلاردىن چوڭ بازارغا كېلىپ ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى، مەن ئېچىۋاتقان بۇ ‹خوتەن 100 يىللىق دورا ـ دەرمەكلىك توخۇسى› دۇكىنىنىڭ سودىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى، ھەر كۈنى 100دىن كۆپرەك توخۇ ساتىمەن. يېڭى بىر يىلدا، مەن داۋاملىق تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، كىچىك دۇكىنىمنى ياخشى ئېچىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە بىزنىڭ گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايمەن!»

شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى توقسۇن نېڭخۇا چەكلىك شىركىتى ئېلېكتر تېشى زاۋۇتى سۈپەت تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ ئۈچاستكا باشلىقى لى جيا بىرىنچى ۋاقىتتا يان تېلېفونىدا خەۋەرلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە تىلغا ئالغان ھەربىر ئىش پۇقرالار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كىشىگە چەكسىز يېقىملىق ھېس قىلدۇرىدۇ، كىشىنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇرىدۇ. يېڭى بىر يىلدا، مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنى ئىچكى مەنىۋى كۈچۈمگە ئايلاندۇرۇپ، «پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇش»تەك جاسارەت بىلەن، ئۆزلۈكسىز ھالدا كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ساپايىمنى ئۆستۈرۈپ، مەۋقەنى ئۆز خىزمەت ئورنۇمغا قويۇپ، ئىشداشلىرىم بىلەن بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەتلىك بولۇپ، نەتىجە يارىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ قاتتىق يادرولۇق كۈچىنى مۇجەسسەملەيمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كومىتېتى ئورگان پارتكومىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجىسى رېن شياۋچياڭ مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى بىر يىلدا، تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ «1+3+3+ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئىشەنچ، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەت بىلەن دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت كاپىتالىنى كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، زورايتىشقا تۈرتكە بولۇپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پائال تۆھپە قوشىمىز.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، لى ياڭ، شى شىن، چاۋ جىن، پەرىزات ئابدۇل، يۈ شى، جەزىرە نېسىپبېك، خەن چىنيەن، دۇ جيەنخۇي يازغان)**

ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتى 2019 ـ يىللىق 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

# «تۆت ئەڭ قاتتىق» تەلەپنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تائام بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىپى** خەۋەر قىلىدۇ: 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتى 2019 ـ يىللىق 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەڭ ئېھتىياتچان ئۆلچەم، ئەڭ قاتتىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، ئەڭ قاتتىق جازالاش، ئەڭ كەسكىن جاۋابكارلىققا تارتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدە ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى 2018 ـ يىلدىكىدىن 4.22 پىرسەنت پويىنت ئۆستۈردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلىشى كېرەك. بەنزىنىڭ باشقا ئەزالىرى «بىر ئىش ئورنىدا قوش مەسئۇلىيەت بولۇش»نى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىغان ساھەنىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى كۆزلەشتە جەزمەن بىخەتەرلىكنى كۆزلەش، كەسىپنى باشقۇرۇشتا جەزمەن بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا جەزمەن بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپى بويىچە، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم ۋە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپكە توغرىلىنىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى يەنىمۇ تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بايرام مەزگىلىدىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مەسئۇلىيەت، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، قانۇن ئىجراسىنى كۈچەيتىپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ئۇنى قەتئىي تۈگىتىپ، يېمەكلىك سۈپىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى خۇشال ـ خۇرام، ئىناق بايرام ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. 2020 ـ يىللىق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجرا قىلىشنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تائام بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەركىن تۇنىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جارۇللا ھېسامىدىن يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەمكارلىقنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە يېتەكلەپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېمىنى ئورتاق قوغداپ، جۇڭگو بىلەن رۇسىيەنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش ۋەزىيىتىنىڭ ئېشىشىغا كۈچ قوشۇپ، 100 يىللىق چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقان دۇنياغا تېخىمۇ كۆپ مۇقىملىق قوشۇشنى، تېخىمۇ كۆپ ئاكتىپ كۈچ قوشۇشنى خالايمەن.

پۇتىن تەبرىك تېلېگراممىسىدا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىلىنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلىدى، بارلىق جۇڭگو خەلقىگە بەخت، ئامانلىق، سالامەتلىك تىلىدى. پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2019 ـ يىلى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە مۇھىم، زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ ھەم بىر قاتار مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، رۇسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھەمكارلىقنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتۇق. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى، قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتلىرى ھەم ھەرقايسى تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىشىش مول نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. رۇسىيە ـ جۇڭگو شەرقىي لىنىيە تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى پۈتتى ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ گاز يەتكۈزۈلدى. ئىككى تەرەپ يەرلىك ھەمكارلىق ـ ئالماشتۇرۇش يىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، ئىككى دۆلەت يەرلىكلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. كېلەر يىلى، بىز يەنە بىر چوڭ تىپتىكى دۆلەت دەرىجىلىك باش تېما يىلى — رۇسىيە ـ جۇڭگو پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىلىنى باشلايمىز. رۇسىيە تەرەپ بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىمىزدا، رۇسىيە ـ جۇڭگو ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقى ھەم ئىككى دۆلەتنىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى ئىجابىي ھەمكارلىشىشى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ رۇسىيە زۇڭلىسى مېدۋېدېۋ بىلەنمۇ ئۆزئارا يېڭى يىللىق تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: 2019 ـ يىلى جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىدا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى يېڭى دەۋر ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە كۆتۈرۈلدى. ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ رۇسىيە زۇڭلىلىرى 24 ـ قېتىملىق قەرەللىك ئۇچرىشىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن يېڭى ھەمكارلىق ئورتاق تونۇشى ھاسىل قىلدى. مەن مېدۋېدېۋ زۇڭلى بىلەن بىرلىكتە، ھازىرقى مېخانىزم سۇپىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى، گۈللىنىشىگە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشنى خالايمەن. مېدۋېدېۋ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رۇسىيە ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ـ ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىشىنىمەنكى، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقىدا يېڭى بىر يىلدا تېخىمۇ كۆپ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)